# 106585 - منادا قونماسلققا ئۆزرسی بار کشلەر توغرسدا

## سوئال

پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ھاجىلارنى سوغارغوچى ۋە ئۆلاغلارغا قارىغوچلارنڭ منانڭ سرتىدا قونۇشغا رۇخسەت قلغان، ھازىرقى دەۋردە قايسى تۆردىكى كشلەرگە ئۇلارغا ئوخشاش رۇخسەت بېرىلىدۇ؟، بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشڭلارنى ئۈمد قلمەن.

## تەپسلى جاۋاپ

بارلق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنڭ پەرۋەردگارى بولغان ئاللاھقا خاستۇر. پەيغەمبرىمز مۇھەممەد ئەلەيھسسالامغا، ئۇنڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانڭ رەھمەتۋە سالاملىرى بولسۇن.

ھەقىقەتەن پەيغەمبەرئەلەيھسسالام ئاباس رەزيەللاھۇئەنھۇ ھاجىلارنى سۇغىرىدىغان بولغاچقا بۇ ئومۇمنڭ خىزمتى بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنڭ مەككدە قونۇشقا رۇخسەت قلغان، شۇنڭدەك پادىچىلارنىڭمۇ منانڭ سرتىدا قونۇشغا رۇخسەت قلغان، چۈنكى ئۇلار ئۇلاغلار بىلەن ھاجىلارنى يۆتكەيدۇ، ھازىرقى دەۋردىمۇ شۇنڭغا ئوخشاش ئومۇمنڭ مەنپەئەتگە رئايە قلىپ دوختۇر، ئوت ئۆچۈرۈش قىسملىرىۋە شۇنڭغا ئوخشاش كشلەرنڭ منانڭ سرتىدا قونۇشى توغرا، چۈنكى كشلەر ئۇلارغا ئېھتياجلق بولىدۇ.

ئەمما كېسەل ۋە سېستىرالار ۋە شۇلارغا ئوخشاش شەخسى ئۆزرسى بولغانلارمۇ شۇلارغا ئوخشاش بولامدۇ؟ دېگەن مەسلدە، ئۆلمالار ئىككى تۈرلۈك قاراشتا بولغان، بەزى ئۆلمالار: ئۇلارمۇ ئۆزرلۈك بولغاچقا يۇقىرىقلارغا ئوخشاش رۇخسەت بېرىلىدۇ دەيدۇ. يەنە بەزى ئۆلمالار:ئۇلار يۇقىرىدا بايان قلىنغان كشلەرگە ئوخشمايدۇ، چۈنكى يۇقىرىدا بايان قلىنغان كشلەرنڭ ئۆزرسى ئومومنڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن، بۇلارنڭ ئۆزرسى بولسا ئۆز مەنپەئەتى ئۈچۈن شۇڭا بۇلارغا رۇخسەت قلىنمايدۇ دەيدۇ. مېنڭچە، خۇسۇسي ئۆزرسى بولغان كشلەرمۇ ئومۇمى ئۆزرسى بولغانلارغا قېتلىدۇ، مەسلەن: ئون بر ۋە ئون ئىككنچىكچلەردە كېسەل بولۇپ قالغان كشى دوختۇرخانىدا يېتشقا مەجبۇر بولسائۆزرلۈك بولغانلىقى ئۈچۈن گۇناھ بولمايدۇ ھەم پىديەمۇ كەتمەيدۇ.پەيغەمبەرئەلەيھسسالامنڭ ئاباس رەزيەللاھۇئەنھۇنڭ مەككدە قونۇشغا رۇخسەت قلغانلىقى، گەرچە ئۇنڭ ئورنىدا ھاجىلارنى سۇغۇرۇشقا مەككدە ھەجگە چىقمغان باشقا كشلەر بولسىمۇ، بۇ منادا قونۇش ئىشنڭ يەڭگىل ئىكەنلكنى بىلدۈرىدۇ،يەنى بۇنڭ كەسكن ۋاجىپ ئەمەس ئىكەنلكنى بىلدۈرىدۇ، ھەتتا ئىمام ئەھمەد رەھمەھۇللاھنڭ قارىشىدا، منادا قونىدىغان كېچلەردە منادا قونۇشنى تەرك قلغان كشلەرگە پىديە كەلمەيدۇ، ئۆزىنڭ ئەھۋالى بويىچە بەش-ئون رىيال ئەتراپىدا سەدىقە قلىۋېتىدۇ دېيىلگەن”.

ئىبنى ئۇسەيمىن پەتىۋالار مەجمۇئەسى”23-توم 237-بەت